**دەسلەپكى دوكلاتنىڭ قىسقارتىلمىسى**

٢٠٢٤-يىلى ٥-ئاينىڭ ٣-كۈنى، كومىسسار مارى جوسې خوگ (Marie-Josée Hogue) دەسلەپكى دوكلاتنى ئېلان قىلدى. بىرىنجى باسقۇچلۇق كومىتېتنىڭ تاشقى كۈچلەرنىڭ مۇداخىلىسى خىزمىتىنى تاماملاش ئۈچۈن، كومىتېت مىڭلارچە ھۆججەتكە قاراپ چىقتى ۋە ٦٠ تىن ئارتۇق شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقىنى ٢١ كۈن سەرپ قىلىپ ئاڭلاپ چىقتى.

دەسلەپكى دوكلاتنىڭ ئاساسلىق ئوبېكتى بولسا خەلق ئاممىسىغا چەتئەل مۇداخىلىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە ۋۇشەنچە بېرىش ۋە نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارشى ھوشيار بولۇش بىلەن بىرگە زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى خاتىرلىتىش بىلەن، ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق ئومۇمىي خەلى سايلىمىدا بۇ خىل مۇداخىلىنىڭ قانداق تەسىر پەيدا قىلغانلىقىنى ۋە كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرغانلىقىنى نامايەن قىلىشنى مەخسەت قىلىدۇ.

تۆۋەندىكىلەر دەسلەپكى دوكلاتتا ئوتتۇرغا قويۇلغان مۇھىم مەسىلىلەر، ۋەقە ۋە يەكۈنلەر.

## تاشقى كۈچلەرنىڭ مۇداخىلىسى...

**يېڭى ئەمەس.** كانادا ۋە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا نەچچە ئون يىلدىن بۇيان دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىۋاتقان، گېئوپولىستىكا ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىغا ماسلاشقان ھالدا بۇ مۇداخىلە دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

**ئۆزلۈكسىز.** كانادا چەتئەل مۇداخىلىسىنىڭ ھەر زامان ئوبېكتىگە ئايلىنىپ كەلگەن، بۇ پەقەتلا سايلام مەزگىلىدىلا يۈز بېرىدىغان ئەھۋال ئەمەس.

**ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق ياكى شەخسى تەھدىد ھەرىكەتلىرى بىلەن** كانادانىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان ھەرقانداق دۆلەت ياكى ئۇلارغا ۋاكالىتەن ئىش قىلىدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

**دائىم روشەن بولمايدۇ.** ئەمەلىيەتتە، چەتئەللىك تەسىر ( قانۇنلۇق) بىلەن چەتئەللىك مۇداخىلىسى (قانۇنسىز) نى پەرق ئېتىش قىيىن. چەتئەللىكلەرنىڭ قانۇنلۇق يوللار ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن مەخپىي پائالىيەتلەردە بولۇشى بۇ تاشقى مۇداخىلە ھېساپلىنىدۇ.

**كۆپ تەرەپلىملىك.** چەتئەل مۇداخىلىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر دۆلىتى بىلەن ياكى يەككى شەكىلدە:

- **بىر قاتار تاكتىكىلار ئارقىلىق كانادا دېموكراتىيەسىگە مۇداخىلە قىلىدۇ.** مەسىلەن: ئۇلار نىشان بىلەن ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇناسىۋەت قۇرۇپ، ئىقتىسادى جەھەتتىن قوللاش، پارا بېرىش، قاقتى - سوختا قىلىش، تەھدىد سېلىش، تور ھۇجۇمى قىلىش، يالغان خەۋەر تارقىتىش ھەرىكەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ھەممە بۇنى شۇ دۆلەتتىكى يەرلىك خەلقنى ياللاپ ئۆز ھۆكىمىتىنى ھمايە قىلىدۇ.
- **ئوخشىمىغان گورۇپپىلارنى نىشانلايدۇ.** نامزاتلار ۋە سايلانغان ئەمەلدارلار، مەمۇرلار ۋە سىياسىي خادىملار، سايلىغۇچىلار، ۋە مۇناسىۋەتلىك گۇرۇپ (مەسىلەن، ئىئانە قىلغۇچىلار، لوبىيچىلار، جەمائەت توپلىرى) ۋە مېدىئا (ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇ ئورۇنلىرى بىلەن ئاۋام مەنبەلىرى)
- دىئاسپورادىكى جامائەتنى نىشانغا ئېلىش. بۇ بەلكىم ئۇلار ئۈچۈن ئالاھىدا مۇھىم، بۇ ئارقىلىق ھەرقانداق قارشى پىكىردىكىلەرنى جىمىقتۇرۇش، چەتئەلدىكى تەسىرنى زورايتىش، جامائەت پىكرىنى كونترول قىلىش ۋە پىتنە تېرىش قاتارلىق مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. دىئاسپورادىكى جامائەت ئەزالىرى ئۆز دۆلىتىدىكى ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىغا سېلىنغان تەھدىتلىرى تۈپەيلى چەتئەل مۇداخىلىسىنىڭ ئەڭ قاتتىق زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلاردۇر.

تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ئۈچۈن:

*٤ — باب: چەتئەل مۇداخىلەسى دېگەن نېمە؟*

*قوشۇمچە Q & A- B: سايلام، چەتئەل مۇداخىلىسى ۋە تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى*

## چەتئەل مۇداخىلىسىنىڭ تەسىرلىرى

دەسلەپكى دوكلاتتا ئېنىق شەكىلدە كانادانىڭ ئاخىرقى ئىككى سايلىمىدا چەتئەللىنىڭ مۇداخىلىسى يۈز بەرگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ("PRC") نۆۋەتتە كاناداغا نىسبەتەن ئەڭ سىجىل ۋە مۇرەككەپ تاشقى مۇداخىلە تەھدىتى ھېساپلىنىدۇ. كومېتېتنىڭ ئىستىخباراتىغا ئاساسلانغاندا رۇسىيە، ھىندىستان، پاكىستان ۋە ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ، كاناداغا تاشقى مۇداخىلە قىلغانلىقى مەلۇم.

بۇ رېئاللىقنى كۆزدە تۇتۇپ، «دەسلەپكى دوكلات» ۲۰۱۹ - ۋە ۲۰۲۱- يىللىق ئومۇمىي سايلاملار ھەققىدە بىر قاتار مەسىلىلەرنى، شۇنداقلا تاشقى مۇداخىلىنىڭ تەسىرى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلغان. بۇ مەسىلىلەر ۋە باش كومىسسارنىڭ يەكۈنلىرى تۆۋەندە خۇلاسىلىنىدۇ.

### چەتئەلنىڭ مۇداخىلىسى سايلام تۈزۈمىنىڭ پۈتۈنلىكىگە تەسىر كۆرسەتتىمۇ؟

ياق. ھەر ئىككى سايلام دۆلەت ۋە يەككە سەۋىيەسىدە ئادىللىق بىلەن ئىدارە قىلىندى. سايلىغۇچىلار سايلام بىلەتىنى تەلەپ بويىنچە تاشلىدى ۋە ساناپ چىقىلدى. بۇنىڭغا قارشى باشقا ئىسپات مەۋجۇت ئەمەس.

---

### ۲۰۱۹-يىلى ياكى ۲۰۲۱-يىلى ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغان پارتىيە چەتئەلنىڭ مۇداخىلىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدىمۇ؟

ياق. ئۇنداق بولمىدى. لىبرال پارتىيە چەتئەل مۇداخىلىسى بولمىسىمۇ ۲۰۱۹- ۋە ۲۰۲۱- يىللىرى ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغان بولاتتى.

---

### چەتئەل مۇداخىلىسى سايلام نەتىجىسىگە رايونى دەرىجىسىدە تەسىر كۆرسەتتىمۇ؟

ئاز ساندىكى سايلام رايونلىرىدىكى نەتىجىلەر چەت ئەل مۇداخىلىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇنى جەزملەشتۈرگىلى بولمايدۇ .بۇ سايلام رايونىدا، چەتئەللىنىڭ مۇداخىلىسى نامزاتلار رىقابىتىدە ۋە سايلام ھەرىكىتىگە، كىمنىڭ پارلامېنتقا سايلانغانلىقىغا ياكى قايسى پارتىيەنىڭ بۇ ئورۇننى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىغا تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

---

### چەتئەل مۇداخىلىسى كەڭ سايلام ئېكولوگىيەسىگە تەسىر كۆرسەتتىمۇ؟

تەسىر كۆرسەتتى. كونكرېت سايلام نەتىجىسىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىشىدىن قەتئىينەزەر، دوكلاتتا ئىسمى ئاتالغان ۋەقەلەر بەزى سايلىغۇچىلارنىڭ بىلەت تاشلاش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىپ، تەرتىپنى بۇزىۋەتكەن. بۇ خىل تەسىر ھازىرغا قەدەر يېنىك بولغان بولسىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىشى مۇمكىن.

---

### چەتئەل مۇداخىلىسى ئاممىنىڭ كانادا دېموكراتىيەسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تۆۋەنلەتتىمۇ؟

ئەپسۇس تۆۋەنلەتتى. دېموكراتىيەگە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچىسىنى تۆۋەنلىتىش، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ چەتئەل مۇداخىلىسى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئاساسلىق مەقسىتىدۇر. بۇ بەلكىم كانادانىڭ چەتئەل مۇداخىلىسى نەتىجىسىدە تارتقان ئەڭ چوڭ زىيان بولۇشى مۇمكىن.

---

### چەتئەلنىڭ مۇداخىلىسى ھەر كىشىگە ئوخشاش تەسىر كۆرسەتتىمۇ؟

ئۇنداق بولمىدى. كانادالىقلارنىڭ ھەممىسى چەتئەل مۇداخىلىسىنىڭ قۇربانى بولۇش بىلەن بىرگە، چەتئەللىنىڭ مۇداخىلە ۋاستىسى ۋە ئۇسۇلى كانادادىكى دىئاسپورا مەھەللىلىرىگە ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ، ئۇلارغا كونكرېت ئېتىبار بېرىش كېرەك.

---

بۇ خۇلاسە توغرىسىدا تېخىمۇ تەپسىلى مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن *۸- بابقا قاراڭ — تەسىرىنى باھالاش*

## باشقا ئۇچۇرلارنى سىز دوكىلاتنىڭ باش بېتىدىن تاپالايسىز.

| مەزمۇن جەدۋىلى | مۇھىم نۇقتىلار دوكىلاتى |
| --- | --- |
| «دەسلەپكى دوكلات»نىڭ ھالقىلىق يەكۈنلىرى ١٥ بەت خۇلاسىلەندى | دەسلەپكى دوكىلاتنىڭ تولۇق ھالدىكى قىسقىچە چۈشەندۈرۈشى بېرىلدى |

كومىتېت ئاساسى ۋەقەلەرنى يىلنامىسى بويىنچە تۈرگۈزۈپ كۆزدىن كەچۈردى.

← *١ -باپ: چەتئەل مۇداخىلە كومىتېتى قانداق كېلىپ چىقتى*

---

كومىتېتنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتلىرىنى قانداق تەشكىللىگەنلىكى ھەققىدىكى تەپسىلاتلار.

←*٢ -باپ: كومىتېتنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى*

← *بىرلەشتۈرمەك س: كومىتېتنىڭ مەشغۇلات ۋە تۈزۈلۈشى*

---

ئەقلىي ئىقتىدارغا مۇناسىۋەتلىك قائىدە ۋە قاراشلار بىلەن ئۇچۇرلارنى تۈرگە ئايرىش، ھەمدە كومىتېتنىڭ ئاشكارىلىقلىق ۋە ئوخشىمىغان بىخەتەرلىك مەنپەئەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۇسۇلى.

←*٣-باپ: ئاشكارىلىق ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى مەخپىيەتلىكى*

---

ئاخبارات ئورگانلىرى، باشقا فېدېراتسىيە ئورگانلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى، چەتئەلنىڭ مۇداخىلىسىگە ئىنكاس قايتۇرىدىغان جەريانلار ۋە ئۇچۇرنىڭ ھۆكۈمەت ئىچىدە قانداق تارقىلىپ يۈرگەنلىكى.

←*٥-باپ: كانادا چەتئەلنىڭ مۇداخىلىسىگە قانداق ئىنكاس قايتۇرىدۇ؟*

---

چەتئەلنىڭ ٢٠١٩ – يىللىق ئومۇمىي سايلامغا مۇداخىلە قىلغانلىقى توغرىسىدىكى كونكرېت شىكايەتلەر« allegations » ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىنكاسى

←*٦-باپ: ٢٠١٩ - يىلدىكى ئومومىي سايلام*

مەسىلەن:

- دون ۋەلى نورس(ئونتارىئو) دىكى «لىبېرال پارتىيەسى» نىڭ نامزاتلىق رىقابىتىدىكى تەرتىپسىزلىكلەر

- بېيىك ۋانكوۋېردىكى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ(PRC) مۇداخىلىسى

- كانادادىكى مەلۇم گۇمانلىق بىر گورۇپىنىڭ ٢٥٠ مىڭ دوللار ئىقتىسادى ياردەم بەرمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى شىكايەتتە ئۇلارنىڭ خىتاي خەلق جومھۇرىيتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەھدىد قىلغۇچىلار ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن.

-پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ كانادادىكى ئەمەلدارلىرىنىڭ كانادا فېدېرال سىياسىتىگە يوشۇرۇن تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشى.

-*بافولو كىرونىكول (the Buffalo Chronicle)* نامىلىق توربەتتە باش مىنىستىرغا ئائىت سەلبىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان.

---

چەتئەلنىڭ ٢٠٢١ – يىللىق ئومۇمىي سايلامغا مۇداخىلە قىلغانلىقى توغرىسىدىكى كونكرېت شىكايەتلەر ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىنكاسى

← *٧-باپ: ٢٠٢١ - يىلدىكى ئومومىي سايلام*

مەسلەن:

- ستىۋاستون«Steveston »، رىچمون ئىست «Richmond East »(بىرتىش كولۇمبىيە«British Columbia »)دىكى كانادانىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى كونسىرۋاتىپ پارتىيە لىدىرى ئەرىن ئوتۇل«Erin O’Toole » ۋە ئۇنىڭ كاندىداتى كېننى چىيۇ« Kenny Chiu » توغۇرسىدىكى يالغان ئۇچۇرلار
- بۇيۈك ۋانكوۋىردىكى يېڭى دېمكوراتىك پارتىيە مىللەت ۋەكىلى جىننى كۋان« Jenny Kwan » بىلەن باشقا كاندىداتلارنى نىشان قىلغان چەتئەل مۇداخىلە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغانلىقى گۇمان قىلىندى.
- ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ يوشۇرۇن مەبلە غ ياردىمى
- رۇسىيەنىڭ گۇمانلىق يالغان ئۇچۇر پائالىيىتى

## ٢ – قارارلىق كومىتېت خىزمىتى ۋە ئەل رايىنى تەكشۈرۈش

كومىتېتنىڭ خىزمىتى تىخى تۈگىمىدى، ٢- باسقۇچ ھىلىھەم داۋاملىشىۋاتىدۇ.
بۇ باسقۇچتا، كومىتېت ھەرقايسى دۆلەتتىكى مۇداخىلە قىلغۇچىلارنى تەكشۈرۈپ، تاشقى مۇداخىلىنى بايقاش، توسۇش ۋە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بۇ ئىقتىدارنى قانداق كۈچەيتىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ.
كومىتېت يەنە باشقا ئىشلاردىن:

- چەتئەل مۇداخىلىسىگە ئالاقىدار ئاخبارات ۋە ئۇچۇرلارنىڭ ھۆكۈمەتكە، جامائەتكە ۋە چەتئەل مۇداخىلىسىگە ئۇچراش ئېھتىماللىقى بولغانلارغا قانداق خەۋەر يەتكۈزۈشى كېرەكلىكى ۋە ئاخبارات ئورگانلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلاردىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى تەۋسىيە قىلامدۇ- يوق شۇنىڭغا قاراڭ.
- توردىكى خاتا ئۇچۇر ۋە يالغان ئۇچۇرلارغا تاقابىل تۇرۇش خىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدىغان بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىش كېرەك.
- قائىدە ياكى قائىدىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى، نامزاتلار رىقابىتىنى تەكشۈرىدۇ. ١- باشقۇچتا يۇقىرىدىكى نۇقتىلار چەتئەل مۇداخىلىسىگە قارىتا ئالاھىدە ئاجىز ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسىتىپ بەردى.

**ئاۋامدىن مەسلىھەت سوراش**

زور كۈچ بىلەن تەدبىر قوللىنىپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى زەربە بەرمىگۈچە، چەتئەل مۇداخىلىسىنىڭ كۆپىيىپ دىموكراتىيەرىمىزگە سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. بىز چوقۇم بوشاشماي، ئۇنىڭ تەسىرىنى پەسەيتىش ئارقىلىق دېموكراتىيەمىزنى ۋە بارلىق كانادالىقلارنى قوغدىشىمىز كېرەك.
بۇ دەل كومىتېتنىڭ ئاشكارا كېڭىشىش تەرتىۋىنى تەسىس قىلىشىنىڭ سەۋەبى. جەمئىيەتتىكى بارلىق ئەزالار، بولۇپمۇ دىئاسپورا جامائىتى دېمۇكراتىك ئورگانلارمىزغا تاشقى مۇداخىلىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە پىكىرلىرىنى ئورتاقلىششقا تەكلىپ قىلىندى.
كومىتېتنىڭ ئاشكارا كېڭىشىش جەريانىغا ئائىت تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرلارنى بۇ يەردىن تاپالايسىز:
[https://foreigninterferencecommission.ca/public-consultation](https://foreigninterferencecommission.ca/public-consultation)

كومىسسار خوگ« Hogue » ٢٠٢٤-يىلى ١٢-ئايدا ئاخىرقى دوكلاتىنى ئېلان قىلىشنى پىلانلاۋاتىدۇ.